⑤ دەرت – ھەسرەت، ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم ئۇنى ھەردائىم ئازاپلايتتى.

2) **خەۋەر**

جۈملىدە ئىگىنى بايان قىلغۇچى، ھۆكۈملىگۈچى ۋە تەسۋىرلىگۈچى باش بۆلەك خەۋەر، دەپ ئاتىلىدۇ. خەۋەر جۈملىدە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل ۋە تۇرغۇن سۆزلەر ۋە شۇنداقلا سۆز بىرىكمىلىرىمۇ خەۋەر بولۇپ كېلەلەيدۇ.

① مەن ئىستانبۇلغا كېلەرىيلى بارىمەن.

② سىلەر ساقچى.

③ ئۇ ئۇنچىقماستىن يىراق – يىراقلارغا كۆز سالدى.

④ زەينەپنى ساقلىغىلى ئىككى سائەت بولدى.

⑤ بارات ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

⑥ تامغا خەت يېزىشقا بولمايدۇ.

⑦ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي بەكلا ئىسسىق.

⑧ خەمىت مېنىڭ يېقىن دوستۇم.

⑨ زامان زورنىڭ، تاماشا كۆرنىڭ.

⑩ كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق.

3) **تولدۇرغۇچى**

جۈملىدە پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى ئوبيېكت تولدۇرغۇچى، دەپ ئاتىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، چۈشۈم كېلىش شەكلىدە كېلىپ ئۆتۈملۈك پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاستە باغلىنىپ كېلىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە تۇرغۇن سۆز ياكى تۇرغۇن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① بىز ئانا يۇرتىمىزنى قىزغىن سۆيىمىز.

② ھازىر 51- دەرسنى تەكرارلايمىز.

ھەممەيلەن بۈگۈنكى تازىلىقنى ياخشى قىلىڭلار.

مەن ئاتا – ئانامنى ھۆرمەتلەيمەن.

چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىم جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرى بىلەن يانمۇيان كەلگەندە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن :

تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولۇپ، كىتاب ئوقۇدۇم (چۈشۈپ قالدى).

بىز بىرلىكتە ناخشا ئېيتتۇق.

بىز ئادىلنىڭ تويىدا ئۇسۇل ئوينىدۇق.

**2- جۈملە**

سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلۈپ، نىسپى تولۇق ئاياغلاشقان ئوي – پىكىرنى بىلدۈرىدىغان ۋە بەلگىلىك ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولغان ئەڭ ئاساسىي ئالاقە بىرلىكى جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدىكى سىنتاكسىلىق رولىغا قاراپ ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە خەۋەر، دەپ بەش تۈرگە بۆلىنىدۇ. سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى سىنتاكسىلىق ۋەزىپىسى بويىچە تۈرگە بۆلىنىدىغان جۈملە بۆلەكلىرى سىنتاكسىلىق رولىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى ۋە جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ، جۈملىنىڭ باش بۆلىكى ئۆز ئىچىدىن ئىگە ۋە خەۋەردىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىلىدۇ. جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى ئۆز ئىچىدىن تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ.

**1) ئىگە**

جۈملىدە خەۋەر تەرىپىدىن بايان قىلىنىدىغان، ھۆكۈملىنىدىغان ۋە تەسۋىرلىنىدىغان باش بۆلەك ئىگە، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتە باش كېلىشتىكى تۇرغۇن سۆزلەر ۋە تۇرغۇن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① ئۇيغۇرتىلىدا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ.

② بىز ئۈرۈمچىدە ئوقۇيمىز.

③ ئەتە سەيشەنبە.

④ قان چىقتى – جان چىقتى.

ئەركىن: دادىڭىزچۇ؟

ئادىلە: دادام قەشقەر پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا.

ئەركىن: ئۇلار ئۇرۇمچىدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ئادىلە: ئۇلار ئۇرۇمچىدە ئېكىسكۇرسىيە قىلىدۇ.

## يېڭى سۆز-ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| Tercüme yap- | تەرجىمە قىل- |
| İncele - | تەھلىل قىل- |
| Akşam | ئاخشام |
| Satranç | شاھمات |
| Çiftçi | دېهقان |
| İhtiyar kişi | بوۋاي |
| Sevgiyle,içtenlikle | قىزغىن |
| Sev - | سۆي- |
| Uy - | ئۇخلا- |
| Öğle | چۈش |
| Dinlen - | دەم ئال- |
| Hiç, asla | زادىلا |
| Yorgunluk | هېرىش - چارچاش |
| Editör | باش تەھرىر |
| Yayın evi | نەشرىيات |



## گراماتىكا

### 1- چۈشۈم كېلىش

چۈشۈم كېلىش جۈملىدە ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى كۆرسىتىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇ خىل كېلىش شەكلى «-نى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. .

چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار كىمنى ؟ نېمىنى؟ قەيەرنى؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ ھەم جۈملىدە تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن :

مەن ئۇيغۇر تىلىنى خېلى مۇكەممەل ئۆگەندىم.